# كورلاۋە قارا شەھەردىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى توغرىسىدا

مەھەممۇتجان ئاسىم

### 1. كورلا دېگەن نام توغرىسىدا

كورلا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بىر شەھەر، بۇ شەھەردە 44 مىڭ 392 ئائىلە، 192 مىڭ 270 نوپۇس بار.

كورلا دېگەن بۇ نامنىڭ قاچان، قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆزگىچە خاس جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە نام بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بار. مەن بۇ ماقالەمدە ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدا ياشايدۇ. ھامان تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. كۈرەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئۆزى تۇرۇشلۇق يەر-ماكان، ئىشلەتكەن قورال-سايمان، يۈز بېرىپ تۇرغان تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بەلگىلىك تارىخىي شارائىت ئاستىدا ئۆزىگە خاس ياكى ئومۇمىي نام قويىدۇ. بولۇپمۇ يەر-جايلارنىڭ ناملىرى شۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك كۆرۈنۈشى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مەنزىرىسى، شەكلى، رەڭگى، مەلۇم خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ قويۇلىدۇ. بەزىدە ئۆتمۈشنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىلىرىدىن بولغان پادىشاھ، خان، خانزادە، بەگلەرنىڭ ناملىرى ياكى ئاتاقلىق خەلقپەرۋەر زاتلار، قەھرىمانلار، داھىيلارنىڭ ئىسىملىرى شۇ جايلارنىڭ نامى قىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال دۇنيادا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «ئامېرىكا» — XV ئەسىردە ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان كولومبونىڭ نامىدىن، «لېنىنگراد» ۋ. ئى. لېنىننىڭ نامىدىن كەلگەن.

يەر-جايلارنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش مىللەت تەتقىقاتى خىزمىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي تىل-يېزىقتىكى ماتېرىياللاردا بەزى جايلارنىڭ ناملىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلماقتا. شۇڭا ئۇ ناملارنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە داۋاملىق چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە.

شىنجاڭدا نۇرغۇن شەھەر، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ناملىرى تولاراق جۇغراپىيىلىك كۆرۈنۈشىگە قاراپ قويۇلغان. ھازىر «كورلا» دېگەن نامنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل كۆز قاراش بار:

1. كورلا ــ كېلــە، كۆكلە سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش؛
2. كورلا ــ كۆللەر سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش؛
3. كورلا ــ كويلا (ئويمان يەر) سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش؛
4. كورلا ــ كىڭوت، كاۋلى، كورلا سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش.

1 - خىل قاراشتىكىلەر: كېلە (كەھلە) ئەرەبچە سۆز بولۇپ، سۈرەت دېگەن سۆزدىن كەلگەن، ئۇ كۆزگە سۈرتۈلىدىغان سۈرمىگە ئوخشاش ياكى تۇتىياغا ئوخشاش شەھەر دېگەن كۆچمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر «كۆكلە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى، كورلا يېرىنىڭ مۇنبەتلىكى، گۈزەللىكى، باغراش كۆلىدىن ئېقىپ چىققان سۈزۈك سۈيى، يەر ئاستى بايلىقى، شۇنىڭدەك زامان - زامانلاردىن تارتىپ مەشھۇر تۆمۈر قاپقا دەپ نام چىققان باشئەگمىنىڭ كورلىدا بولغانلىقى، تاھىر - زۆھرەنىڭ قەبرىسى باشئەگىم تېغى (قالقا مازىرىم تېغى) دا بولغانلىقى، «تاغ سارىخان»، «قالقا مازىرىم»، «كۆنچى مازىرىم»، «توم شەيدۇللا مازىرىم» قاتارلىق تارىخى خارەكتېرلىك ئورۇنلارنىڭ كورلىدا بولغانلىقى، كورلا خەلقىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى ۋە مېھماندوستلۇقى، ئاشلىقىنىڭ بولۇپمۇ گۈرۈچىنىڭ موللىقى، ھەر خىل مېۋە - چېۋىلىرى، بولۇپمۇ نەشپۈتىنىڭ تاتلىق - خۇشپۇراقلىقى بىلەن مەشھۇر. 1 - خىل قاراشتىكىلەر بۇنى ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنىڭ ۋاستىلىق پاكىتلىرى قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ.

كېلــە دېگەن بۇ نام 1934 - يىلى كورلىدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغان چاغدا، كورلا ناھىيىسىنىڭ نامىنى ئۇيۇشمىنىڭ ۋىۋىسكىسىغا قانداق يېزىش توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىدىن كېيىن بېكىتىلگەن.

2 - خىل قاراشتىكىلەر: باغراش كۆلىدىن كۆنچى دەرياسىغا ئېقىپ چىققان سۇ كورلا شەھىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ بوتخو چوڭ كۆلىنى ھاسىل قىلىدۇ. لېكىن ئەينى زاماندا سۇنىڭ بىر قىسمى ئارقىغا قايتىپ، نۇرغۇن كىچىك كۆلچەكلەرنى ھاسىل قىلغان. شۇڭا كورلا «كۆللەر شەھىرى» دەپ ئاتالغان دەپ ھېسابلايدۇ.

1881 - يىلدىن بۇرۇن كورلا شەھىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان كۆنچى دەرياسى ھازىرقىدىن ئۇزۇن، سۈيى كۆپ ئىدى. تىككىچىنىڭ بىر قىسمى بولغان توگمەنبېشى يېپ بازىرى، ساي مەھەللىسى، كۆنچى مەھەللىسى، توقايلىق قاتارلىق جايلار ۋە ھازىرقى تۆمۈرچىلىك كوپىراتىۋى، ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار ئەسلىدە ئاساسەن كۆل ياكى زەيلىك ئىدى.

«كورلا» ئىسمى ئەسلىدىكى كورلىنىڭ بولماستىن،
3 - خىل قاراشتىكىلەر: كورلىنىڭ بازار ئىچىدىن ئېگىز
«كويلا» (ئويمان يەر) ئىدى، تاشدەن، باشئەگىم. كورلىنىڭ بازار ئىچىدىن ئېگىز
بولغاچقا، باغراش كۆلىدىن ئېقىپ چىققان كۆنچى دەرياسى تۆۋەنگە قاراپ
تېز ئاققانلىقى ئۈچۈن دەريا سۈيىنىڭ كۈچى تۆت تۇپ تېردك. خەزىنە.
ئاقتاش، سايباغ قاتارلىق جايلارنى كولاپ كەتكەن. شۇڭا بۇرۇنقىلار كور-
لىنىڭ نامىنى «كويلا» دەپ ئاتىغان. تىلدا تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن
«كورلا» دەپ ئۆزلەشكەن دەپ قارايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «كويلا نى
(«دىۋان») III توم، 599 - بەت).
دەريا ئېغىزى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

لاما دىنىدىكى راھىبلار «كرلا» مۇقەددەس سۆز.
4 - خىل قاراشتىكىلەر: ئايلاندۇرسا ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل
ئىبادەت ۋاقتىدا ئىشلىتىدىغان. «كورلا» ئەنە شۇ «كوردى»
ياغاچتىن ياسالغان قورالنى «كوردى» دەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «كەڭگۈت
سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ. ئىزاھلايدۇ. ھازىر كەڭگۈت
ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلايدۇ. ھازىر كەڭگۈت
نىڭ قايسى جاي ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەر خىل كۆز قاراشلار بار. «دىۋان» دا
يەنە «ر يۇلتۇز كۆل» نى كۈچا بىلەن كەڭگۈت چېگرىسىدىكى بىر كۆل
نىڭ نامى» دەپ ئىزاھلايدۇ. قاراخانىلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ
چېگرىسى «قارا شەھەر دەرياسى» نى پاسىل قىلغان، دەريانىڭ ئوتتۇرىچى
تەرەپتىكى قىرغىقى قارا شەھەرگە. دەريانىڭ يەنە بىر قىرغىقى كەڭگۈتا (كورلا)
قاراخانىلارغا تەۋە بولغان بولۇشى مۇمكىن. «دىۋان» دا يەنە «ئاراموت
قەبىلىسىمۇ كەڭگۈت يېنىدا» دېيىلگەن. مەھمۇت قەشقىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر شەھىرىگە
ئۆتتۈش يولىدا كەڭگۈت يېنىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا مېھمان بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.
2. قارا شەھەرنىڭ نامى توغرىسىدا
قارا شەھەرنىڭ خەنزۇچە نامى «焉耆» بولۇپ، ئۇ بۇرۇن «كەنجى» ئوقۇلغان
ھەمدە «كەڭكەنت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇر
سۆزى «... بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار،
ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر سولمى (بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان)،
قوچو. جانبالىق. بەشبالىق. يېڭىبالىق» دەپ ئىزاھلانغان. بەزىلەر يۇقىرىدا ئېيتىل
غان سولمىنى قارا شەھەر دەپ ھېسابلايدۇ. «كورلا» ئاتالغۇسى ھەققىدە يەنە
مۇنداقمۇ ئىزاھ بار. مەسىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «كاۋلى — كويلا.
دەريا ئېغىزى» دەپ ئىزاھلانغان. ئەرەبچە قائىدە بويىچە «ئەبەي» دەپ

بىزنىڭ ... دەپ ئوقۇلغىنىغا ئوخشاش «كاۋا» سۆزى «كاۋلا» «كولا» ...

[illegible]

كويلىسىدىن ئاققانلىقى ئېنىق ئاقىدۇ. شۇڭا «كورلا» ئاتالغۇسى مەھمۇت قەشقەرى كۆرسەتكەن «كاۋلى - كاۋلا» سۆزلىرىدىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «كويلا، كورلا» غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

3. لوپنۇرنىڭ نامى توغرىسىدا

لوپنۇرنىڭ خەنزۇچە ئىسمى «يۈلى» دېيىلىدۇ. بۇ ئىسىمنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپ، قانداق مەنىدە ئىكەنلىكى ھېلىغىچە نامەلۇم. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە «يۈلى دۆلىتىنىڭ خانى يۈلى شەھىرىدە تۇرىدۇ. 1 مىڭ 200 تۈتۈنى، 9 مىڭ 600 نوپۇسى، 2 مىڭ ئەسكىرى بار» دېيىلگەن. بەزىلەر «يۈلى» نى قارا شەھەرگە يېقىن جايدا دەپ قارايدۇ. 1898 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىگە «شىنپىڭ 新平» ناھىيىسى دەپ نام بېرىلگەن. 1914 - يىلى «يۈلى» دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

شىنجاڭدا ئىككى تۇرپان، ئىككى لوپ بار: بىرى، كونا تۇرپان (قوچو)، يەنە بىرى، قارا شەھەر، كورلا ئەتراپىدىكى «لوپ»، «لوپنۇر» سۆزىدىكى «لوپ» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئېنىق ئەمەس. لوپ ناھىيىسىدىكى سانپۇلا، لاسكويا، زاڭگۇي، ھاڭگۇي، دادالامپۇر يېزىلىرىنىڭ ئاتىلىشىغا قاراپ «لوپ» سۆزىمۇ قەدىمكى ساك تىلى بولسا كېرەك دېيىش مۇمكىن. «لوپنۇر» ئاتالغۇسىدىكى «نۇر» سۆزى قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىدا «كۆل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا موڭغۇل تىلىدا چىڭخەينى «كۆكنۇر» سايرام كۆلىنى «سارامنۇر» دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەر قوچو — كونا تۇرپاندىن بىر بۆلۈم كۆچمەنلەر ئۇچكە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن «ئۇچنىڭ تۇرپانى» (ئۇچتۇرپان) دەپ ئاتالغىنىغا قارىغاندا، بىر بۆلۈم كىشىلەر خوتەن لوپتىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن «لوپ» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. «لوپنۇر» ئاتالغۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭدىن XI ئەسىرلەردە بۇنداق ئاتالغۇ بولمىغان دېيىش مۇمكىن. «دىۋان» دا « ر يۇلتۇز كۆل› بۇ كۇچا بىلەن كىڭوت ۋە ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر كۆلنىڭ ئېتى. ‹ئايكۆل› بۇ ئۇچكە يېقىن بىر يەرنىڭ ئېتى. ‹ تەرىنكۆل› بۇ ‹ئىككى ئوكۈز› چېگرىسىدىكى بىر كۆلنىڭ ئېتى. بۇ كۆللەردىن ھەر- ھەر يېرىنىڭ ئەتراپى قىرىق ياكى ئوتتۇز پەرسەخ كېلىدۇ. تۈرلۈك شەھەرلەردە مۇنداق كۆللەر كۆپ. مەن پەقەت ئىسلام شەھەرلىرىدىكى كۆللەر-

نىڭ چوڭلىرىنىلا كۆرسەتتىم» دەپ ئىزاھلايدۇ.

«سىزنىڭ كۆلى» نى ئىلىدىكى «سايرام كۆلى»، «كۆۋرۈك كۆلى» نى ئاتۇش تاغلىرىنىڭ ئۈستىدىكى «چېدىر كۆلى» بولسا كېرەك دەپ قىياس قىلىمەن. ئەمما «يۇلتۇز كۆل» نى «كۇچا بىلەن كىڭوت» ۋە ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر كۆل- نىڭ ئېتى» دېگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، ھازىرقى «لوپنۇر» دەپ ئاتىلىۋاتقان كۆلنى XI ئەسىردىكى يۇلتۇز كۆلى دېيىش مۇمكىن. ھازىرقى كۈندە شىنجاڭ بويىچە «يۇلتۇز» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئىككى جاي بار، بىرى توقسۇ ناھىيىسىدىكى دا- يۇلتۇز يېزىسى. يەنە بىرى تېكەستىكى يۇلتۇز يېزىسى. ئەمما بۇ ئىككى جايدا چوڭ كۆل يوق. بەزىلەر «يۇلتۇز كۆل» نى «باغراش كۆلى» دېيىشمەكتە. بۇنىڭغا يېتەرلىك ئاساس يوق. ئەندى «يۇلتۇز كۆل» نىڭ نېمە ئۈچۈن يۇلتۇزغا ئوخشۇتۇپ نام قويۇلغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

بىز ھازىرغىچە «لوپنۇر» (لوپ كۆلى) دەپ ئاتاۋاتقان بۇ كۆلنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى باشقا كۆللەردىن ئۆزگىچىرەك. 1914 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە لوپنۇر كۆلى 180 كۆلدىن تەركىب تاپقانلىقى ئېنىقلانغان. ھەر يىلى كۈنچى دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە بۇ كۆللەر تۇتىشىپ كېتىدۇ، قۇرغاق پەسلى ياكى كۈز كۈنلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا يىراقتىن قارىسىڭىز قاتار قويۇپ سۇ تولدۇرۇلغان پىيالىلەرگە ئوخشايدۇ. ئايدىڭ كېچىدە يىراقتىن گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يەرگە چۈشۈپ ئورۇنلاشقاندەك كۆرۈنىدۇ. مەن «يۇلتۇز كۆلى» دېگەن نام مۇشۇ كۆرۈنۈشلەرگە ئاساسەن قويۇلغان بولسا كېرەك دەپ قارايمەن.

لوپنۇر ناھىيىسى 1898 - يىلى قارا قۇرۇم يېزىسىنى ئاساس قىلىپ تەسىس قىلىنغان. 1947 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «لوپنۇر» نى ناھىيە نامى قىلىشنى قارار قىلغان.